WALT DISNEY

دىسنى بالىلار دۇنياسى

# ئورمانلىقتىكى ئاجايىپ ئۇچرىشىش

## POCAHONTAS



CHISO SINCE 1996

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مېنىڭ كۈتۈپخانام

ماڭا بۇ كىتابنى سوۋغا
قىلغۇچى ______________ .
ئۇ بۇ كىتابنى ___ - يىل ___ - ئاي-
نىڭ ___ - كۈنى سېتىۋالغان .

مېنىڭ ئىسمىم - فامىلەم
______________ .

— دىسنى بالىلار دۇنياسى —

# ئورمانلىقتىكى ئاجايىپ ئۇچرىشىش



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مىلادىيە 1607 ـ يىلى باھار ئايلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ، زور بىر كېمە ئوكيانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ۋىرگىنىيە دەيدىغان يېڭى بايقالغان زېمىنغا قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغانىكەن .

شۇ چاغدا قامەتلىك بىر سەيياھ بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ . ئۇ كېمىگە تارتىپ چىقىرىلىۋاتقان زەمبىرەككە چاققانلىق بىلەن تاقلاپ چىقىپتۇ . ئۇ تالاي دېڭىز سەپەرلىرىدە بولغان ، نۇرغۇن ئەللەرگە بارغان باتۇر يىگىت ئىكەن . كېمىدىكى بوز يەر ئېچىشقا ماڭغانلاردىن بىرەيلەن :

— جون سمىس دېگەن ئەزىمەت شۇ . ئىندىئانلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالساق ، ئۇ تازا ئەسقاتىدۇ ! — دەپتۇ .



ئەمدى گەپنى ئوكياننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ۋىرگىنىيىدىن باشلايلى. ۋىرگىنىيىدە پوكاخانتىس ئىسىملىك جۇشقۇن بىر ئىندىئان قىز بار ئىكەن. ئۇ پات يېقىندا ئەنگلىيە كېمىسى بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقى، كېمە كەلسە هاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىكەن. پوكاخانتىس شارقىراتما بېشىدا تۇرسا، دوستى نىكمان چاقىرىپتۇ:

— پوكاخانتىس تېز ئۆيگە بېرىڭ. ئاتىڭىز ئىزدەۋاتىدۇ!



www.uyghurkitap.com

پوكاخانتېس ئۆيگە كىرسە ئاتىسى ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن . ئاتىسى باخاتېن قەبىلە بېگى بولۇپ ، بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنگە خېلى كۈنلەر بولغانىكەن .

— قىزىم ، — دەپتۇ باخاتېن ، — مەن سېنى قەبىلىمىزدىكى ئەڭ باتۇر يىگىت گوگانغا ياتلىق قىلىشنى لايىق كۆردۈم . بۇ ئاناڭنىڭ تويلۇق مونچىقى ، كەل ئېسىۋال .

ئاتىسى پوكاخانتېسقا تويلۇق مونچاق ئېسىپ قويۇپتۇ .





بىراق، پوكاخانتىسنىڭ گوگانغا ئازراقمۇ مەيلى يوق ئىكەن. گوگان ئەزەلدىن كۈلۈپ باقمىغان مۇز چىراي يىگىت ئىكەن. پوكاخانتىس پەرىشان ھالدا ئورمانلىققا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئورمانلىقتا ئۇنىڭ مۇڭدىشى سۆگەت موماي بار ئىكەن. سۆگەت موماي ناھايىتى دانا دەرەخ پىرى ئىكەن.

سۆگەت موماي پوكاخانتىسقا مۇنداق دەپتۇ:

— چۈشىڭىزدە كۆرگەن قۇيۇن ئوق ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇ سىزگە يول كۆرسەتكەي قىزىم. ئېسەنكىرىگەندە يۈرىكىڭىزنىڭ سوقۇشىنى زەن قويۇپ تىڭشاڭ. شۇندا كۆز ئالدىڭىزدىكى تۇمانلار تارقاپ قۇياش كۈلۈپ باققاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېلىقى ئەنگلىيە كېمىسى ۋىرگىنىيە قۇرۇقلۇقىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە بىر چوڭ ئېقىننى بويلاپ قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپتۇ. بوز يەر ئاچقۇچىلار كاتتىۋېشى رويكلېف ئالتۇن دېسە ئەس - ھوشىنى يوقىتىدىغان ئاچ كۆز ئادەم ئىكەن.

جون سمېس رويكلېفنىڭ خانىسىغا كىرىپ:

— ۋالىي جانابلىرى، كېمىنى مۇشۇ يەرگە توختىتايلى. بۇ تېگى چوڭقۇر دەريا، كېمە توختىتىشقا ئەپ، — دەپتۇ.

پوكاخانتېس دوستلىرى قوڭۇر ئېيىقچاق، بىر توغراملار* بىلەن دەريا يېنىدىكى قىيادا ئاق تەنلىكلەرنىڭ قىرغاققا چىققانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. پوكاخانتېس تا شۇ كەمگىچە ئاق تەنلىك ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، قورقۇپ كېتىپتۇ. بىر توغرامۇ قانداقتۇر بىر ئىش سادىر بولىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك پوكاخانتېسنىڭ چۆرىسىدە پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ كېتىپتۇ.

---

بىر توغرام-جۇغى كىچىك قۇش — تەرجىماندىن.





شۇ كۈنى كەچتە باخاتېن قەبىلە كېڭىشى ئۆتكۈزۈپتۇ. كېڭەشتە ئارقىلىق گوگان ھېلىقى نامەلۇم ئاق تەنلىك كەلگۈندىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە كۆز - قۇلاق بولىدىغان بوپتۇ.



ۋالىي روبكلېف قىرغاقتا چىقىپلا:

— ئەمدى بۇ جاي ھەم بۇ جايدىكى جىمىكى بايلىقلار ئەنگلىيىنىڭ مۈلۈكى بولىدۇ، — دەپ جاكارلاپتۇ.



ئەنگلىيىلىك بوز يەر ئاچقۇچىلار دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ ئۆزلىرىگە قارارگاھ ياساشقا كىرىشىپتۇ . ئىندىئان يىگىتلىرى ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىنى يوشۇ-رۇنچە كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ .



رويكلېف بوز يەر ئاچقۇچىلارنى ئالتۇن قېزىشقا بۇيرۇپتۇ . ئاچ كۆز ۋالىي بۇ يېڭى زېمىندا ئالتۇن سايىنىڭ تېشىدەك تولۇپ ياتىدۇ ، ئەمدى بايلىققا كۆمۈلۈپ كېتىدىغان بولدۇم ، دەپ ئويلايدىكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋالىي رويكلىف جون سمىسنى ئورمانلىقتىن ئىندىئانلارنى ئىزدەپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ.

جون سمىس ئورمانلىقنى ئارىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئىندىئان قىز پوكاخانتېسنى كۆرۈپ قاپتۇ. پوكاخانتېسنىڭ ئايدەك جامالى ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. پوكاخانتېس ئۇنىڭدىن ھۈركۈپ قاچماقچى بوپتۇ. جون سمىس سىپايىلىق بىلەن ئۇنى توختىتىپتۇ.

پوكاخانتېس بۇ ناتونۇش يىگىتنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. بىراق يىگىتنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماپتۇ، شۇندا سۆگەت مومايىنىڭ «يۈرىكىڭىزنى زەن قويۇپ تىڭشاڭ . . .» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپتۇ.





بوز يەر ئاچقۇچىلار ماراۋاتقان ئىندىئانلارنى سېزىپ قاپتۇ . رويكلېف ئالاقزادە بولۇپ بۇيرۇق چۇشۇرۇپتۇ :

— بۆكتۈرمە بار ئىكەن ! مىلتىقىڭلارنى بەتلەڭلار !

شۇنىڭ بىلەن توقۇنۇش باشلىنىپ كېتىپتۇ . بىر ئىندىئانغا ئوق تېگىپ يارىلىنىپتۇ . كەچتە قەبىلە بېگى باخاتېن باشقا قەبىلىلەردىن ياردەمگە ئادەم چاقىرىپتۇ .

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا جون سمىس بىلەن پوكاخانتىس ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئورما
لىقتا كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىپ يۈرگەنىكەن . گەپ ئارىلىقىدا پوكاخانتىسنىڭ كەپسىز قوڭۇر
ئېيىقى جون سمىسنىڭ كومپاسىنى ئەپقېچىپتۇ .

— ئۇ قانداق نەرسە ؟ — دەپ سوراپتۇ پوكاخانتىس .

— كومپاس ، ئېزىققاندا تەرەپلەرنى ئايرىپ بېرىدۇ .





جون سمىس ئۇنىڭغا لوندوننىڭ داغدام يوللىرى، ئېگىز ئىمارەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— سىلەر بەك ئارقىدا قاپسىلەر، — دەپتۇ جون سمىس، — بىز سىلەرگە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتىمىز، تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىلاپ بېرىمىز.

پوكاخانتېس بۇ گەپنى ئاڭلاپ، جون سمىسنىڭ ئۆزىنى ۋە بۇ يەرنىڭ ئىللىقلىقىنى قىلچە چۈشەنمەيدىغانلىقىنى سېزىپتۇ. پوكاخانتېس ئۇنىڭغا بۇ زېمىندىكى بارلىق تاغۇ - تاش، يەر - سۇ، جان - جانىۋارلارنىڭ جېنى، پېرى، ئىسمى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. جون سمىس بۇ گەپلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



رويكلېف ئادەملىرىگە ئۇچرىغان جايىنى قازدۇرۇپتۇ ، ئەمما بىرەر مىسقالمۇ ئالتۇن ئۇچرىماپتۇ . رويكلېف : «ئەسلىدە ئالتۇنلارنى ئىندىئانلار قېزىپ بولغانىكەن - دە ، ئىندىئانلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئالتۇنلارنى بۇلىۋالاي» دەپ ئويلاپتۇ .

جون سمىس ئاۋۋالقىدەك رويكلىف بىلەن بىللە ئىكەن .
جون سمىس يېنىدىن بىر دانە تىللانى چىقىرىپ :
— بىز مۇشۇ ئالتۇننى دەپ ئەنگلىيىدىن بۇ يەرگە كەلدۇق ، — دەپتۇ .
پوكاخانتىس ھەيران بولۇپ :
— ئالتۇن ؟ بۇ يەردە ئۇنداق نەرسە يوق ، — دەپتۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جون سمىس قارارگاھقا قايتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ھەممەيلەن ئىندىئانلارغا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقۇدەك.

— پەيلىڭلاردىن يېنىڭلار، — دەپتۇ جون سمىس، — بۇ يەردە ئالتۇن يوق ئىكەن. ئىندىئانلار ئالتۇننىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن.

رويكلىف ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنمەپتۇ.





شۇ كۈنى كەچتە ، پوكاخانتېس بىلەن جون سمىس ۋەدىلەشكىنى بويىچە ئورمانلىق-
تىكى ئوچۇقچىلىقتا ئۇچرىشىپتۇ . ئۇلار ئىزىغا پايلاقچى چۈشكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن .
جون سمىس پوكاخانتېسنى باغرىغا بېسىپتۇ . بىردىن دەرەخ ئارقىسىدىن گوگان
قۇيۇندەك چىقىپ جون سمىسقا ئېتىلىپتۇ . جون سمىسنىڭ ئىزىغا چۈشكەن سەپەردىشى
توماس گوگاننى يوشۇرۇن قارىغا ئاپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب بۇرىكتى
www.uyghurkitap.com



«تاڭ !» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ياڭراش بىلەن تەڭ كوگان يەرگە يىقىلىپتۇ . پوكاخانتىس يىغا ـ زار بىلەن كوگانغا تاشلىنىپتۇ . بۇ چاغدا ئىندىئانلارنىڭ سەپەرۋەر ـ لىك بۇرغىسى ئورمانلىقنى بىر ئاپتۇ .

ــ قاچ توماس ! ــ دەپ توۋلاپتۇ جون سمىس . ئاڭغىچە ئىندىئانلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، جون سمىسنى تۇتۇۋاپتۇ .

قەبىلە بېگى باخاتىن جون سمىسنى ئەتە سەھەردە ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغانلىقىنى ئەلگە جاكارلاپتۇ .

پوكاخانتېس نېمە قىلارىنى بىلەلمەي سۆگەت مومايدىن مەسلىھەت ئالغىلى ئورمان-
لىققا قاراپ يول ئاپتۇ . يولدا دوستى قوڭۇر ئېيىقچاق ئۇچراپتۇ . ئېيىقچاق جون
سمىستىن بۇلىۋالغان كومپاسنى چىشلىۋالغانىكەن . شۇندا ، پوكاخانتېس سۆگەت موماي
ئېيتقان چۇشىدىكى قۇيۇن ئوقنى يادىغا ئاپتۇ . «ۋۇي ، كومپاس چۇشۇمدىكى قۇيۇن
ئوق ئەمەسمۇ ؟ !» پوكاخانتېس بىردىن ئەقلىنى تاپقاندەك بوپتۇ .
تۇن قاراڭغۇسى تارىلىپ قۇياش ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرىنى ئورمانلىققا چېچىشقا
باشلاپتۇ .



www.uyghurkitap.com



ئىندىئانلار جامائىتى جون سمىسنى ئۆلتۈرۈش مەيدانىغا يىغىلىپتۇ. بوز يەر ئاچقۇچىلارمۇ مىلتىقلىرىنى بەتلەپ قارشى تەرەپتە سەپراس بولۇپ تۇرغانىكەن.

پوكاخانتىس توپنى بۆسۈپ كىرىپ، جون سمىسقا ئۆزىنى ئېتىپتۇ - دە، تارام - تارام ياش تۆككەنچە ئاتىسى باخاتىنغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ يىگىتنى ئۆلتۈرمەڭلار. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. قىساس ئۆچ - ئاداۋەتنى ئۇلغايتىدىغان ئوت!



قىزنىڭ كۆز ياشلىرى قەبىلە بېگى باخاتېننىڭ باغرىنى ئېرىتىپتۇ. باخاتېن:

— بەس، ئەسىرگە ھۆرلۇك بەردىم! مەن ئەمدى ئاسايىشلىق ئورناتماقچىمەن! — دەپتۇ.

ئەمما، قارا كۆڭۈل رويكلېف مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەبىلە بېگى باخاتېنغا قارىتىپ ئوق ئېتىپتۇ.

جون سمىس باخاتېننى توسۇپ ئۆزىنى ئوققا تۇتۇپ بېرىپتۇ. قەبىلە بېگى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ، ئەمما جون سمىس يارىلىنىپتۇ.



جون سمىس بىلەن پوكاخانتېسنىڭ ھەرىكىتى ئىككى تەرەپنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ . بوز يەر ئاچقۇچىلار قارا كۆڭۈل رويكلېفنى چەمبەرچاس باغلاپ ، ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېتىشنىڭ ھازىرلىقىنى قىپتۇ . جون سمىس يارىلانغاچقا ئەنگلىيىگە قايتىپ داۋالانمىسا بولمايدىكەن ، پوكاخانتېسنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكۈسى بار ئىكەن . بىراق ئەل غېمى ئۇنى ۋەتىنىدە قېلىشقا چاقىرغان تۇرسا ، قانداقمۇ كېتەلىسۇن !

كېمە قوزغىلىش ئالدىدا پوكاخانتېس جون سمىسقا :

— تاغلار ئۆرۈلۈپ ، ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، سىزگە ئاتالغان مۇھەببىتىم يالقۇنلايدۇكى ھەرگىز ئۆچمەيدۇ ! . . . — دەپتۇ .

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەلبىنۇر مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: مۇراددىل ئابىد

**图书在版编目(CIP)数据**

迪斯尼儿童故事：3，风中奇缘：维吾尔文/阿布里克木·艾山编译. --乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2016.1
ISBN 978-7-5515-6632-2

Ⅰ. ① 迪… Ⅱ. ① 阿… Ⅲ. ① 儿童故事-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I18
中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第141594号

دىسنىي باللار دۇنياسى —

# ئورمانلىقتىكى ئاجايىپ ئۇچرىشىش

# 风中奇缘 (3)

تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى: **ئابلىكىم ھەسەن**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
新疆青少年出版社出版
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىلۇڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 م م، 20 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 1.2
2016 - يىلى 1 - ئاي 2 - نەشرى
2017 - يىلى 3 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5515 - 6632 - 2
باھاسى: 5.00 يۈەن

---

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : مۇراددىل ئابىد



دىسنى باللار دۇنياسى







شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-6632-2

باھاسى: 5.00 يۈەن